# شەھىد ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ ۋەسىيتى

( اللە ئۇ كىشىگە رەھمەت قىلسۇن )



اللە تائالا نىڭ رەھمىتىگە مۇھتاج بولغۇچى ئابدۇللاھ ئىبنى يۇسۇپ ئەززامنىڭ ۋەسىيتى ھىجرىيە 1406 -يىلى شەئباننىڭ 12 - كۈنى، مىلادىيە 1986 -يىلى ئاپرېلنىڭ 20 - كۈنى دۈشەنبە ئەسر ۋاقتى. باتۇر قوماندان شەيخ جالالىددىن ھەققانىينىڭ ئۆيىدە تۆۋەندىكى سۆزلەرنى يېزىۋاتىمەن.

تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

# شەھىد ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ

# ۋەسىيتى

(اللە ئۇ كىشىگە رەھمەت قىلسۇن!)

اللە تائالانىڭ رەھمىتىگە موھتاج بولغۇچى ئابدۇللاھ ئىبنى يۇسۇپ ئەززامنىڭ ۋەسىيتى.

ھىجرىيە 1406- يىلى شەئبانىنىڭ 12- كۈنى ، مىلادىيە 1986- يىلى ئاپرېلنىڭ 20- كۈنى دۈشەنبە ئەسىر ۋاقتى. باتۇر قوماندان شەيخ جالالىددىن ھەققانىينىڭ ئۆيىدە تۆۋەندىكى سۆزلەرنى يېزىۋاتىمەن.

**تەرجىمە قىلغۇچى: ھارىس (رەھىمەھۇللاھ)**

تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

الحمد لله رب العالمين والصلاة والسلام على أشرف الأنبياء والمرسلين نبينا محمد وآله وصحبه أجمعين.

هۆرمەتلىك ئوقۇرمەن:

الله تائالانىڭ رازىلىقى ۋە بارچە مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن، قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب جامائىتىمىزدىكى قېرىنداشلار تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىندى. ئۇشبۇ تەرجىمىنى ئەلۋەتتە كەمچىلىكتىن خالىي دېگىلى بولمايدۇ. ئەمما الله نىڭ كىتابىغا، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۈننىتىگە ۋە ساھابىلەرنىڭ چۈشەنچىسىگە قارشى كەلگەن ھەرقانداق نەرسىدىن بىز ئادا - جۇدامىز.

توغرا قىلغان بولساق الله تائالانىڭ پەزلى - رەھمىتىدىن، خاتا قىلغان بولساق ئۆزىمىزدىن. شۇڭا ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ خاتا كەتكەن يەرلىرىنى تۈزىتىپ بېرىشىنى ۋە سەممىي نەسىھەت قىلىشىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمىز!

ئاخىرىدا، بۇ كىتابنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە باشقىلارغا تەۋسىيە قىلغان قېرىنداشلىرىمىزغا الله تائالانىڭ ياردىمى، مەغپىرىتى ۋە ئېھسانىنى تىلەيمىز، شۇنداقلا بۇ كىتابنى نەشىردىن چىقىرىش جەريانىدا تەرجىمە - تەھرىر ۋە بېسىپ تارقىتىلىشىغا خالىس ياردەم قىلىپ كۈچ چىقارغان بارلىق قېرىنداشلىرىمىزنى سالىھ دۇئالىرىڭلاردا ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭلارنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمىز!

الله تائالا بۇ كىچىككىنە ئەمىلىمىزنى ئۆزى قوبۇل قىلسۇن ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مەنپەئەتلىك قىلىپ بەرسۇن، ئامىن!

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

شۈبھىسىزكى ، بارلىق ھەمدۇ - سانالار الله قا خاستۇر! ئۇ زاتتىن ياردەم ۋە مەغپىرەت تىلەيمىز ، نەپسىمىزنىڭ شەررىدىن ۋە ئەمەللىرىمىزنىڭ يامانلىقىدىن الله قا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. الله ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچكىم ئازدۇرالمايدۇ ۋە الله ئازدۇرغان كىشىنى ھېچكىم ھىدايەت قىلالمايدۇ. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى ، بىر الله تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر ، ئۇ يەككە - يېگانىدۇر ، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى ، مۇھەممەد ﷺ الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر.

ئى الله! سەن ئاسانلاشتۇرغاندىن باشقا ئاسانلىق يوق ، سەن خالىغان ۋاقىتتا غەم - قايغۇنى ئاسان قىلغۇچىسەن.

جىھادقا ئاشىق بولۇش ھاياتىمغا ، ۋۇجۇدۇمغا ، ھېس - تۇيغۇلىرىمغا ۋە قەلبىمگە ئورناپ كەتكەن. ئۆزۈمنىڭ ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ الله يولىدا ئۇرۇش قىلىشقا سەل قاراۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمدە ، تاكى دەۋىر قىيامەتكىچە جىھادنىڭ ئىسلامدا ئۆزۈلۈپ قالماي داۋام قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان سۈرە تەۋبە قەلبىمدە ئېغىر قورقۇنچ پەيدا قىلىدۇ.

ئۆزىدىن بۇرۇنقى تەخمىنەن 120 ياكى 140 ئايەتنى مەنسۇخ (ئەمەلدىن قالدۇرغان) قىلغان قىلىچ ئايىتى الله يولىدا ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇغان ئايەتلەر بىلەن ئويناشماقچى بولغان ياكى ئۇ ئايەتنى بۇرمىلاشقا جۈرئەت قىلىۋاتقان كىشىلەرگە كەسكىن رەددىيە ۋە ئوپئوچۇق جاۋابتۇر.

بۇ قىلىچ ئايىتى بولسا:

﴿وَقَاتِلُوا الْمُشْرِكِينَ كَافَّةً كَمَا يُقَاتِلُونَكُمْ كَافَّةً وَاعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ مَعَ

الْمُتَّقِينَ﴾ «مۇشرىكلار سىلەرگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلغاندەك، سىلەرمۇ ئۇلارغا قارشى بىرلىكتە ئۇرۇش قىلىڭلار. بىلىڭلاركى، اﷲ تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر (يەنى اﷲ نىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈش، مەنئى قىلغان ئىشلىرىدىن چەكلىنىش بىلەن اﷲ تىن قورققۇچىلارغا اﷲ نىڭ ياردەم بېرىدىغانلىقىغا ئىشەنچىدە بولۇڭلار)».[1]

﴿فَإِذَا انسَلَخَ الْأَشْهُرُ الْحُرُمُ فَاقْتُلُوا الْمُشْرِكِينَ حَيْثُ وَجَدْتُمُوهُمْ وَخُذُوهُمْ وَاحْصُرُوهُمْ وَاقْعُدُوا لَهُمْ كُلَّ مَرْصَدٍ فَإِنْ تَابُوا وَأَقَامُوا الصَّلَاةَ وَآتَوُا الزَّكَاةَ فَخَلُّوا سَبِيلَهُمْ إِنَّ اللَّهَ غَفُورٌ رَحِيمٌ﴾ «(ئۇرۇش قىلىش) ھارام قىلىنغان ئايلار ئۆتۈپ كەتكەندە مۇشرىكلارنى قەيەردە ئۇچراتساڭلار شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار، ئەسىرگە ئېلىڭلار، قورشاڭلار، ئۇلارنىڭ ئۆتىدىغان يوللىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇڭلار. ئەگەر ئۇلار تەۋبە قىلسا، ناماز ئوقۇسا، زاكات بەرسە، ئۇلارنى قويۇپ بېرىڭلار. شۈبھىسىزكى، اﷲ (تەۋبە قىلغۇچىلارغا) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، رەھىم قىلغۇچىدۇر».[2]

اﷲ يولىدىكى جىھادتىن ئولتۇرۇۋالغۇچىلارنىڭ ئۆزىنى ئاقلىشى ۋە ئۆز - ئۆزىنى ئالداپ، اﷲ يولىدا ئۇرۇش قىلىشتىن ئولتۇرۇۋېلىشقا رازى بولۇشقا سەۋەب بولىدىغان باھانىلەرنى كۆرسىتىشى — اﷲ نىڭ دىنى بىلەن ئويناشقانلىق ياكى اﷲ نىڭ دىنىنى مەسخىرە قىلغانلىقتۇر. بىز قۇرئان كەرىمدىكى ئايەتكە ئاساسەن بۇنداق كىشىلەردىن يۈز ئۆرۈشكە بۇيرۇلدۇق.

---

[1] سۈرە تەۋبە 36- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە تەۋبە 5- ئايەت.

﴿وَذَرِ الَّذِينَ اتَّخَذُواْ دِينَهُمْ لَعِبًا وَلَهْوًا وَغَرَّتْهُمُ الْحَيَاةُ الدُّنْيَا﴾ «دىننى ئويۇن - كۈلكە قىلىۋالغان، دۇنيا تىرىكچىلىكىگە ئالدانغانلارنى تەرك ئەت».[1]

جىھادقا تەييارلىق قىلماستىن پەقەت قۇرۇق ئارزۇ - ئارمانلار بىلەن خام - خىيال قىلىش — يۇقىرى پەللىگە ئېلىپ چىقالمايدىغان، ئەكسىچە ئۇنىڭدىن توسىدىغان ئەزىمەس روھىي ھالەتتۇر.

قاچانكى تويمىسا نەپس ئەگەردە،

بەدەنلەر چارچايدۇ ئۇشبۇ غەرەزدە.

مەسجىدىلھەرەمگە خىزمەت قىلىش ۋە ئۇنى گۈللەندۈرۈشنى اللە يولىدا جىھاد قىلىشقا تەڭلەشتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئەلۋەتتە. بۇ توغرىسىدا سەھىھ مۇسلىمدا مۇنداق كەلگەن:

نوئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىدا ئىدىم، بىر كىشى:

— ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشتىن باشقا ئىش قىلمىساممۇ بولۇۋېرىدۇ، — دېدى، يەنە بىر كىشى:

— ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، بەيتۇلھەرەمنى ئاۋات قىلىشتىن باشقا ئىش قىلمىسامۇ بولۇۋېرىدۇ، — دېدى، ئۈچىنچى كىشى:

— سىلەر دېگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن جىھاد قىلىش ئەۋزەل، — دېدى.

بۇلارنىڭ ئىختىلاپى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە يەتكەندە اللە تائالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى:

---

[1] سۈرە ئەنئام 70- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿أَجَعَلْتُمْ سِقَايَةَ الْحَاجِّ وَعِمَارَةَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ كَمَنْ آمَنَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ وَجَاهَدَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ لَا يَسْتَوُونَ عِنْدَ اللَّهِ وَاللَّهُ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ ۞ الَّذِينَ آمَنُوا وَهَاجَرُوا وَجَاهَدُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ أَعْظَمُ دَرَجَةً عِنْدَ اللَّهِ وَأُولَئِكَ هُمُ الْفَائِزُونَ ۞ يُبَشِّرُهُمْ رَبُّهُمْ بِرَحْمَةٍ مِنْهُ وَرِضْوَانٍ وَجَنَّاتٍ لَهُمْ فِيهَا نَعِيمٌ مُقِيمٌ ۞ خَالِدِينَ فِيهَا أَبَدًا إِنَّ اللَّهَ عِنْدَهُ أَجْرٌ عَظِيمٌ﴾ «سىلەر ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشنى ، مەسجىدى ھەرەمنى ئاۋات قىلىشنى اللّٰہ قا ، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ۋە اللّٰہ نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ (ئىمانىغا) ئوخشاش ھېسابلامسىلەر ؟ اللّٰہ نىڭ نەزىرىدە ئۇلار ئوخشاش ئەمەس. اللّٰہ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ[19]. ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ، ھىجرەت قىلغانلارنىڭ ۋە ماللىرى ھەم جانلىرى بىلەن اللّٰہ نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ دەرىجىسى اللّٰہ نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ كاتتىدۇر ؛ ئەنە شۇلار (ساۋاب تېپىش بىلەن) مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر[20]. پەرۋەردىگارى ئۇلارغا ئۆزىنىڭ رەھمىتى ، رازىلىقى ۋە جەننەتلىرى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈلۈك نېمەتكە ئېرىشىدۇ[21]. ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. شۈبھىسىزكى ، اللّٰہ نىڭ دەرگاھىدا (ئۇلارغا) كاتتا ساۋاب بار[22]».①

مانا بۇ ئايەتلەر اللّٰہ يولىدا جىھاد قىلىشنىڭ مەسجىدىلھەرەمنى گۈللەندۈرۈشتىنمۇ ئەۋزەل ئەمەل ئىكەنلىكى ھەققىدە نازىل بولغاندۇر.

① سۈرە تەۋبە 19- ئايەتتىن 22- ئايەتكىچە.

خۇسۇسەن ، بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ساھابىلەرنىڭ مۇشۇ مەسىلە ھەققىدە ئىختىلاپلىشىشىدۇر. بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبىنى خالىغانچە خاسلاشتۇرۇش ۋە باشقىچە مەنە بېرىش دۇرۇس ئەمەس چۈنكى ئۇنىڭ مەنىسى ئايەتتە كەسكىن ۋە ئېنىق كەلگەن.

الله تائالا ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەككە رەھمەت قىلسۇن! ئۇ فۇزەيل ئىبنى ئىيازغا مۇنداق دەپ خەت يازغان:

كۆرگىنىڭدە بىزنى ئەگەر ئەي ئابىدىي ئىككى ھەرەم ،

بىلسەڭ ئۆزۈڭ ئىبادەتتە ئويناپ يۈرگەن سەبىي شۇ دەم.

كىملەرنىڭدۇ چاناقلىرى كۆز ياش بىلەن يۇيۇلغاندۇ ،

يۇيۇلماقتا بوغۇز مەيدە جىھاد ئىچرە قانلاردا ھەم.

مۇھەددىس ئىبنى مۇبارەكنىڭ فۇزەيلگە قىلغان بۇ سۆزلىرىگە قارىمامسىز!؟ ئۇ كىشى ئىپپەتلەر تاجاۋۇزغا ئۇچراۋاتقان ، قانلار تۆكۈلۈۋاتقان ، ئار - نومۇسلار دەپسەندە قىلىنىۋاتقان ۋە الله نىڭ دىنى ئاياغ - ئاستى قىلىنىۋاتقان پەيتتە ، مەسجىدىلھەرەمگە قوشنا بولۇپ ، ئۇ يەردە ئىبادەت قىلىشنى الله نىڭ دىنى بىلەن ئويناشقانلىق دەپ قاردى.

شۇنداق ، زېمىندا مۇسۇلمانلار بوغۇزلىنىۋاتقان بۈگۈنكىدەك بىر پەيتتە پەقەت «إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ» دەپ ئىسترجا ئېيتىپ قويۇشمىز ، قۇتقۇزۇشقا ھەرىكەت قىلماستىن ئەپسۇسلىنىپ يىراقتىن قولىمىزنى كۆتۈرۈپ قويۇشمىز بولسا الله نىڭ دىنى بىلەن ئويناشقانلىق ۋە ئۆزىنى ئالداپ يالغان ھەمدە سوغۇق كۆيۈنۈش ئارقىلىق كۆلكىلىك ئىش قىلغانلىقتۇر.

مۇسلىمەلەر ئىپپەتلىرى تاجاۋۇزدا بولسا پايخان ،

كۆرۈپ قەلب تىترىمىسە ئاگاھ بول چىن ئەمەس ئىمان.

مەن «مۇسۇلمانلار زېمىنىنى قوغداش ئەڭ مۇھىم پەرز ئەيندۇر» ناملىق كىتابىمدا يازغىنىمدەك ، «ئەگەر دۈشمەن دىنىمىز ۋە دۇنيالىقىمىزغا تاجاۋۇز قىلىش ئۈچۈن كەلسە ، ئىماندىن كېيىن قالسىلا دۈشمەننى چېكىندۈرۈشتىنمۇ ۋاجىبراق ئىش يوق». شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە مانا شۇنداق قارايدۇ. مەن بۈگۈنكى كۈندە اللە يولىدىكى جەڭنى تەرك ئەتكۈچى بىلەن ناماز ، روزا ۋە زاكاتنى تەرك ئەتكۈچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق دەپ قارايمەن. (اللە ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر!)

مەن «بۈگۈن پۈتكۈل زېمىن ئەھلى اللە تائالانىڭ ئالدىدا ، ئاندىن قالسا تارىخ ئالدىدا ئېغىر مەسئۇلىيىتى بار ، شۇنداقلا جىھادنى تەرك ئېتىش مەسئۇلىيىتى ئۇلاردىن كەچۈرۈلمەيدۇ» دەپ قارايمەن. گەرچە جىھادنى تەرك ئېتىشنىڭ سەۋەبى مەيلى دەۋەت ، كىتاب يېزىش ، تەلىم - تەربىيە ۋە ياكى باشقا ئىشلار بولسۇن ، ئەپۇ قىلىنمايدۇ. بۈگۈنكى كۈندە زېمىن يۈزىدىكى ھەربىر مۇسۇلمان جىھادنى تەرك ئېتىشنىڭ ئېغىر جىنايى مەسئۇلىيىتىنى گەدىنىدە كۆتۈرۈپ يۈرمەكتە. ئۆزرىسىز ھالدا قولىدا قورال بولماستىن اللە تائالاغا ئۇچراشقان كىشى — اللە تائالاغا ئاسىي بولغان ھالەتتە ئۇچرىشىدۇ چۈنكى ئۇ اللە يولىدا جەڭ قىلىشنى تەرك ئەتكەن.

بۈگۈن اللە يولىدا جەڭ قىلىش زېمىن يۈزىدىكى ھەربىر ئۆزرىسىز مۇسۇلمانلارغا پەرز ئەيندۇر ، شۇنداقلا بۇ پەرزنى تەرك ئەتكۈچى كىشى گۇناھكاردۇر. چۈنكى پەرز دېگىنىمىز ، ئۇنى قىلغۇچى ئەجرگە ئېرىشىدىغان ، تەرك ئەتكۈچى ھېساب ئېلىنىدىغان ۋە گۇناھكار بولىدىغان ئىشتۇر. مەن جىھادنى تەرك ئەتكەن ، ئەمما ئۆزرىسى بار كىشىلەرنى

قارىغۇ، توكۇر، كېسەل، چارىسىز قالغان ھەمدە يول بىلمەيدىغان ئاجىز ئەرلەر، ئاجىز ئاياللار ۋە باللار دەپ قارايمەن. بۇگۈن الله يولىدا ئۇرۇش قىلىشنى تەرك ئەتكەن يەر يۈزىدىكى پۈتكۈل ئىنسانلار گۇناھكار ھېسابلىنىدۇ. مەيلى بۇ ئۇرۇش پەلەستىنىدە بولسۇن ياكى ئافغانىستاندا بولسۇن ۋە ياكى كاپىرلار تەرىپىدىن ئىگىلىنىپ ھەمدە ئۇلارنىڭ نىجىس قىلمىشلىرى بىلەن بۇلغانغان قايسى زېمىندا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئوخشاش.

مەن «بۇگۈن الله يولىغا ئاتلىنىشقا ۋە جەڭ قىلىشقا ھېچبىر كىشىدىن رۇخسەت سوراش يوق» دەپ قارايمەن. يەنى بالا ئاتا - ئانىسىنىڭ رۇخسىتىسىز، ئايالى ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز، قەرزدار قەرز ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز، شاگىرت ئۇستازىنىڭ رۇخسىتىسىز، مەئمۇر ئەمىرىنىڭ رۇخسىتىسىز جىھادقا چىقىشى كېرەك. مانا بۇ، ئىسلام تارىخى مابەينىدىكى پۈتكۈل ئۆلىمالارنىڭ ئىجماسى. كىمكى بۇ مەسىلىنى بۇرمىلاشقا ئۇرۇنىدىكەن تاجاۋۇز ۋە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ، شۇنداقلا الله نىڭ يولىغا ئەمەس بەلكى ھاۋايى - ھەۋەسىگە ئەگەشكەن بولىدۇ. «بالا ئاتا - ئانىسىنىڭ رۇخسىتىسىز، ئايالى ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز، قەرزدار قەرز ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز جىھادقا چىقىشى كېرەك» دېگەن بۇ ھۆكۈم — تولىمۇ چۈشىنىشلىك ۋە قايمۇقۇپ قېلىشقا ئورۇن يوق ئوچۇق ھۆكۈمدۇر. ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ بۇ ھۆكۈم بىلەن ئوينىششىغا ۋە قالايمىقان بۇرمىلىشىغا ھەققى يوق.

ئەمرۇلمۇئمىنىيندىن ئۈچ خىل ھالەتتە رۇخسەت سورالمايدۇ:

1. قاچانكى ئەمىر جىھادنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتسە؛

2. مەقسەت قىلىنغان رۇخسەت سوراش ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسە؛

3. ئەمرنىڭ چەكلىمىسى ۋاقتى ئۆتكەن چەكلىمە ئىكەنلىكى بىلىنسە؛

مەن مۇسۇلمانلارنى «بۈگۈن ئافغانىستاندا دەپسەندە بولۇنۇۋاتقان ھەربىر يۈز - ئابرۇي ۋە تۆكۈلۈۋاتقان ھەربىر تامچە قانغا مەسئۇل» دەپ قارايمەن، مۇسۇلمانلار سەل قارىغانلىقى سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ بىھۇدە تۆكۈلگەن قانلىرىغا شېرىك. سەۋەبى، ئۇلار شۇ مەزلۇملارنى ھىمايە قىلغۇچى قورال، داۋالايدىغان دوختۇر، تائام سېتىۋالىدىغان ئىقتىساد ۋە خەندەك كولايدىغان ئەسۋابلار بىلەن تەمىنلەشكە قادىر تۇرۇقلۇق تاقىتىنى قىسىپ قالدى.

«ئەگەر بىر كىشىنىڭ تائامى ئېشىپ قالسا ھەمدە بىر ئاچ قالغۇچىنى كۆرۈپ تۇرۇپ تائام بېرىشنى تەرك ئەتسە، ھەتتاكى ئاچ قالغان كىشى ئۆلۈپ كەتسە، گەرچە تائام ئىگىسى ئۇ كىشىنى ئۆلۈپ كەتمەيدىغۇ دەپ گۇمان قىلغان تەقدىردىمۇ ئۆلگۈچىنىڭ يېقىنلىرىغا تۆلەم تۆلەيدۇ. ئەگەر تاماقنى قەستەن بەرمىگەن بولسا، بۇ ھەقتە ئۆلىمالارنىڭ قارىشى ئىككى خىل، بىرىنچى قاراش، شەخسىي مېلىدىن تۆلەم تۆلەيدۇ؛ ئىككىنچى قاراش، قاتىل بولغانلىقى ئۈچۈن قىساس ئېلىنىدۇ».[1]

ئۇنداقتا، نەپس - شەھۋەتى، ھاۋايى - ھەۋەسى ۋە ھەشەمەتلىك تۇرمۇشى ئۈچۈن بىھۇدە سەرپ قىلىنىۋاتقان مال - دۇنيا ۋە بايلىق ئىگىلىرىنىڭ ئاخىرەتتىكى ھېساب ۋە ئازابى قانداق بولار؟!

[1] حاشية الدسوقي/الشرح الكبير (112-111/2)

ئى مۇسۇلمانلار! سىلەرنىڭ ھاياتىڭلار ۋە ئىززىتىڭلار جىھادتۇر، مەۋجۇتلۇقۇڭلار جىھادقا باغلانغاندۇر.

ئى دەۋەتچىلەر! قورالليرىڭلارنى قىنىدىن سۇغۇرمىساڭلار، كاپىرلارنىڭ، تاغۇتلارنىڭ، زالىملارنىڭ باغ - ۋارانلىرىنى ۋەيران قىلمىساڭلار، سىلەرنىڭ قۇياش نۇرى ئاستىدا ياشىغىنىڭلارنىڭ ھېچبىر ئەھمىيتى يوق.

«الله نىڭ دىنى جىھادقا ئاتلانماي، جەڭ قىلماي، قان تۆكمەي ۋە پۇت - قوللار ئۇزۇلمەي تۇرۇپ ئالىي بولىدۇ» دەپ ئويلاپ قالغان كىشىلەر خاتالاشقۇچىلاردۇر. ئۇلار بۇ دىنىنىڭ تەبىئىتىنى بىلمىگەن كىشىلەردۇر. دەۋەتچىلەرنىڭ ھەيۋىتى، دەۋەتنىڭ شەۋكىتى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىززىتى الله يولىدا ئۇرۇش قىلماي تۇرۇپ ھەرگىز قولغا كەلمەيدۇ.

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «يېقىندا سىلەرگە بارلىق مىللەتلەر خۇددى ئاچ قالغان كىشىلەر بىر لوقما تائامغا ئولاشقاندەك يوپۇرۇلۇپ كېلىدۇ» دېدى. ساھابىلەر: «شۇ كۈنلەردە سانىمىزنىڭ ئازلاپ كەتكەنلىكىدىن شۇنداق بولامدۇ؟» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ياق، بەلكى شۇ كۈندە سىلەرنىڭ سانىڭلار كۆپ، بىراق سەلدىكى كۆپۈككە ئوخشاش بولۇپ قالىسىلەر. الله دۈشمىنىڭلارنىڭ قەلبىدىن سىلەرگە نىسبەتەن قورقۇنچنى كۆتۈرۋېتىدۇ. الله قەلبىڭلارغا ۋەھەننى تاشلاپ قويىدۇ» دېدى. ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! ۋەھەن دېگەن نىمە؟» دېيىشتى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «دۇنيانى ياخشى كۆرۈش ۋە ئۆلۈمنى

يامان كۆرۈش» دېدى.[1] يەنە بىر رىۋايەتتە: «اللّٰه يولىدا جەڭ قىلىشنى يامان كۆرۈش» دېدى.

اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَقَاتِلْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ لَا تُكَلَّفُ إِلَّا نَفْسَكَ وَحَرِّضِ الْمُؤْمِنِينَ عَسَى اللَّهُ أَنْ يَكُفَّ بَأْسَ الَّذِينَ كَفَرُوا وَاللَّهُ أَشَدُّ بَأْسًا وَأَشَدُّ تَنْكِيلًا﴾ «(ئى مۇھەممەد!) اللّٰه نىڭ يولىدا جىھاد قىلغىن (يەنى ئۆزۈڭ يالغۇز بولساڭمۇ جىھاد قىلغىن، ساڭا غەلىبە ۋەدە قىلىنغان. مۇناپىقلارنىڭ جىھادتىن قېلىپ قالغانلىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ كەتمە). سەن پەقەت ئۆزۈڭگىلا جاۋابكارسەن، مۆئمىنلەرنى (جىھادقا) قىزىقتۇرغىن، اللّٰه نىڭ كاپىرلار كۈچىنى توسىدىغانلىقىمۇ ھەقىقەتتۇر، اللّٰه نىڭ كۈچى ئەڭ زوردۇر. اللّٰه نىڭ جازاسى ئەڭ قاتتىقتۇر».[2]

قاچانكى اللّٰه يولىدىكى ئۇرۇش تەرك ئېتىلىدىكەن، شەكسىزكى شېرىك يامراپ كېتىدۇ ۋە ھاكىمىيەت ئورنىغا چىقىدۇ. ﴿وَقَاتِلُوهُمْ حَتَّى لَا تَكُونَ فِتْنَةٌ وَيَكُونَ الدِّينُ كُلُّهُ لِلَّهِ﴾ «پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي اللّٰه ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار».[3] ئايەتتىكى پىتنە — شېرىكتۇر.

جىھاد — زېمىننى ئىسلاھ قىلىشنىڭ بىردىنبىر كاپالىتى. ﴿وَلَوْلَا دَفْعُ

---

[1] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] سۈرە نىسا 84- ئايەت.

[3] سۈرە ئەنفال 39- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

اللَّهِ النَّاسَ بَعْضَهُمْ بِبَعْضٍ لَفَسَدَتِ الْأَرْضُ﴾ «اللّٰه ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن مۇداپىئە قىلىپ تۇرمىسا (يەنى كۈچلۈك تاجاۋۇزچىغا ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك بولغان بىرسىنى ئاپىرىدە قىلمىسا) ئىدى، يەر يۈزى ئەلۋەتتە پاساتقا ئايلىناتتى (يەنى خارابلىققا يۈزلىنەتتى)».①

جىھاد — ئىبادەت قىلىدىغان جايلارنى ۋە دىنىنىڭ بەلگىلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىشنىڭ بىردىنبىر كاپالىتى. ﴿وَلَوْلَا دَفْعُ اللَّهِ النَّاسَ بَعْضَهُمْ بِبَعْضٍ لَهُدِّمَتْ صَوَامِعُ وَبِيَعٌ وَصَلَوَاتٌ وَمَسَاجِدُ يُذْكَرُ فِيهَا اسْمُ اللَّهِ كَثِيرًا﴾ «ئەگەر اللّٰه ئىنسانلارنى بىر - بىرىگە قارشىلىق كۆرسەتكۈزمىگەن بولسا، راھىبلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى، چېركاۋلار، يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ۋە اللّٰه نىڭ نامى كۆپ يادلىنىدىغان مەسجىدلەر ئەلۋەتتە ۋەيران قىلىناتتى».②

ئى ئىسلام دەۋەتچىلىرى! ئۆلۈمگە ھېرىسمەن بولۇڭلار، سىلەرگە ھاياتلىق ئاتا قىلىنىدۇ. سىلەرنى قۇرۇق ئارزۇ - ئارمانلار ۋە اللّٰه نىڭ گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلغۇچى زات ئىكەنلىكى ياكى ئوقۇۋاتقان كىتابلىرىڭلار ۋە شۇغۇللىنىۋاتقان نەفلە ئەمەللىرىڭلار سىلەرنى ئالداپ قويمىسۇن، راھەت ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇش سىلەرنى كاتتا

---

① سۈرە بەقەرە 251- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② سۈرە ھەج 40- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىشلاردىن مەھرۇم قويمىسۇن. ﴿وَتَوَدُّونَ أَنَّ غَيْرَ ذَاتِ الشَّوْكَةِ تَكُونُ لَكُمْ﴾ «سىلەر قورالسىز گۇرۇھنىڭ (يەنى كارۋاننىڭ) قولۇڭلارغا كەلتۈرۈلۈشىنى ياقتۇردۇڭلار».[1]

جىھادتا اللە نىڭ ئىتائىتىدىن چىقىش بەدىلىگە ھېچكىمگە ئىتائەت قىلماڭلار. جىھادقا چىقىشتا اللە قا ئاسىي بولۇپ تۇرۇپ قوماندانغا ئىتائەت قىلىش يوق. جىھاد — دەۋىتىڭلارنىڭ ئاساسى، دىنىڭلارنىڭ قورغانى ۋە شەرىئىتىڭلارنىڭ قالقىنىدۇر.

ئى ئىسلام ئۆلىمالىرى! رەببىگە قايتقان بۇ ئۇممەتنىڭ پېشۋالىرىدىن بولۇڭلار، ھەشەمەتكە بېرىلمەڭلار، دۇنياغا يۈلىنىۋالماڭلار ۋە تاغۇتلارنىڭ داستىخانلىرىدىن يىراق بولۇڭلار. ئۇ قەلبلەرنى چىرىتىپ ئۆلتۈرىدۇ ھەمدە ئىسلام ئۇممىتى ۋە ۋىجدانىڭلار بىلەن ئاراڭلاردا توساق پەيدا قىلىپ قويىدۇ.

ئى مۇسۇلمانلار! قۇللۇق ھاياتىڭلار بەك ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتتى، زېمىنىڭلاردا خار بولغان كىشىلەر بولسا ئەمدىلىكتە كۆچلىنىپ كەتتى. شائىرنىڭ مۇنۇ سۆزلىرى نېمىدېگەن گۈزەل!

بەس مۇسۇلمان ئەمدى يېتەر خارلىقىڭ،
قېنى سېنىڭ ئالىي ھىممەت ھەيۋىتىڭ؟!
نىجىس كاپىر خالىغانچە خورلىسا،
ھېچ ئۇندىمەي ھايۋاندىن پەس ياشىدىڭ.

---

[1] سۈرە ئەنفال 7- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پۇت - قوللىرىڭ كىشەنلەردە باغلاندى ،

تۆمۈر ئەمەس خارلىق كىشەن بىل ئەمدى.

چاقماي يەنە دەپسەندىگە رازى بوپ ،

ھالىڭغا ۋاي! قاچانغىچە كۈتمەكچى ؟!

ئى ئاياللار جامائىتى! راھەتپەرەسلىكتىن ساقلىنىڭلار چۈنكى راھەت — جىھادنىڭ دۈشمىنىدۇر ، ئۇ ئىنسان قەلبىنى زۇلمەتكە باشلايدۇ. دۇنيا مەئىشەتلىرىدىن ساقلىنىڭلار ، ئېھتىياجىڭلارنى قامدايدىغان نەرسىلەر بىلەن كۇپايىلىنىڭلار. بالىلىرىڭلارنى كاپىرلارغا قاتتىق قول ، جۈرئەتلىك ، باتۇر ۋە جىھاد روھىدا تەربىيىلەڭلار. ئائىلەڭلار «شىرلارنىڭ ئۇۋىسى» بولسۇنكى ، ھەرگىزمۇ «تاغۇتلارنىڭ بوغۇزلىشى ئۈچۈن سەمرىيدىغان مېكىيانلارنىڭ كاتىكى» بولۇپ قالمىسۇن. بالىلىرىڭلارنىڭ ۋۇجۇدىغا كىچىكىدىن باشلاپ جىھادنى ، جەڭ مەيدانلىرىنى ۋە يېتىشكەن مۇجاھىد بولۇپ تەربىيىلىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئىدىيىنى سىڭدۈرۈڭلار. ھەر ۋاقىت مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئېغىر كۈننىڭ غېمىدە بولۇڭلار. ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ ھەپتىدە بىر كۈن پېقىر مۇھاجىر ۋە مۇجاھىدلارنىڭ ھاياتىدا ياشاشقا تىرىشىڭلار. قېتىپ كەتكەن نان ، تاماقنى ئوخشاتقىدەكلا سەي - كۆكتات ، بىر يۇتۇم چاي...

ئى بالىلار! بومبىلار ، زەمبىرەكلەر ، ئايروپىلانلار ۋە تانكىلارنىڭ ئاۋازى ئىچىدىكى مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلىڭلار. غاپىللارنىڭ نەغمە - ناۋا مۇزىكىلىرى ، راھەتپەرەسلەرنىڭ ئويۇن - تاماشىلىرى ۋە يۇمشاق كۆرپىلىرىدىن ئۆزۈڭلارنى تارتىڭلار.

ئى جۈپتى ھالالىم! قەلبىمدە سىزگە دەيدىغان نۇرغۇن سۆزلىرىم بار ،

اللە تائالا سىزنى مەن ۋە مۇسۇلمانلار ھەققىدە ياخشى مۇكاپات بىلەن مۇكاپاتلىسۇن! سىز يولنىڭ قىيىنچىلىقلىرىغا مەن بىلەن ئۇزۇن سەۋر قىلدىڭىز ، ھايات قەدەھلىرىنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكلىرىنى بىرگە تېتىدىڭىز ، بۇ مۇبارەك سەپەرنىڭ ئەگرى - توقايلىقلىرىدا ياخشى ھەمراھ ، جىھاد مەيدانلىرىدىكى خىزمەتلىرىمدە سادىق ياردەمچى بولدىڭىز. ئائىلىنىڭ مۇشەققەتلىرى ، ئىككى بوۋىقىمىز ۋە بىر كىچىك بالىمىزنىڭ تەربىيىلىرىنى نۇرغۇن يىل مابەينىدە كۆپىنچە ھاللاردا سىزنىڭ زىممىڭىزگە تاشلاپ قويدۇم. ئاشخانىسى ، ھەتتا مەنپەئەتلەنگۈچىلىك يېرىمۇ بولمىغان لايدىن ياسالغان بىر ئېغىزلىق ئۆيدە يۈك ئېغىرلاشقان ۋە بالىلىرىمىز كۆپەيگەن قىيىن كۈنلەردە يېنىڭىزدا بولالمىدىم. اللە ئۈچۈن ۋە مەن ئۈچۈن ئېغىر - يېنىك جاپالارغا سەۋر قىلدىڭىز. اللە تائالا سىزنى مەن ھەققىمدە گۈزەل ئىنئاملار بىلەن مۇكاپاتلىسۇن! اللە بىلەن قەسەمكى ، مەن ئائىلىدىن ئۇزۇن مەزگىل ئايرىلغان كۈنلەردە سەۋر قىلالمىغان بولسىڭىز ، بۇ ئېغىر يۈكنى ئۆزۈم يالغۇز كۆتۈرەلمىگەن بولاتتىم. مەن ھەقىقەتەن سىزنىڭ دۇنيا ھاياتىغا بەك قىزىقىپ كەتمەيدىغانلىقىڭىزنى ، ۋۇجۇدىڭىزدا راھەت ئۈچۈن ھېچبىر ئورۇن يوقلۇقىنى بىلدىم. قول ئىلكىمىزدە يوق ئېغىر كۈنلەردە راھەت ياشاپ باقمىدىڭىز ۋە شىكايەت قىلمىدىڭىز ، دۇنيادىن ئازغىنە بېرىلگەن كۈنلەردە ئۆزىڭىزنى يوقىتىپ قويمىدىڭىز. دۇنيا قەلبىڭىزدە ئەمەس بەلكى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئالقىنىڭىزدا بولدى.

جىھاد ھاياتى — ئەڭ لەززەتلىك ھاياتتۇر ، قىيىنچىلىقلارغا سەۋر قىلىش بولسا نازۇ - نېئمەتلەر ۋە راھەت - پاراغەت ئىچىدە ياشاشتىن گۈزەلدۇر. زاھىدلىقنى لازىم تۇتۇڭ ، اللە تائالا سىزنى ياخشى كۆرىدۇ ؛

كىشىلەرنىڭ قولىدىكى نەرسىگە قىزىقماڭ، ئىنسانلار سىزنى ياخشى كۆرىدۇ. قۇرئان — ئۆمۈرنىڭ لەززىتى ۋە ھاياتلىقنىڭ ئۇلپەتدىشىدۇر. قىيامدا تۇرۇش، نەفلە روزا تۇتۇش ۋە سەھەرلەردە ئىستىغپار ئېيتىش قەلبگە سۈزۈكلۈك ۋە ئىبادەتكە ھالاۋەت بېغىشلايدۇ. پاك نەرسىلەرنى ھەمراھ قىلىش، دۇنياغا بېرىلمەسلىك، ياسالمىلىقتىن ساقلىنىش ۋە راھەتپەرەسلەردىن يىراق تۇرۇش — بەدەننىڭ راھىتى، دىللارنىڭ شادلىقى. اللە تائالادىن بىزنى دۇنيادا جەم قىلغىنىدەك ئاخىرەتتە ھەم فىردەۋس جەننىتىدە جەم قىلىپ بېرىشىنى سورايمەن.

ئى بالىلىرىم! مەن سىلەرگە پەقەت ئازغىنە ۋاقتىمنى چىقىرالىدىم، قىسقىغىنە تەربىيەمگە ئېرىشەلىدىڭلار. نېمە ئامال؟! ۋاھالەنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن مۇسىبەت بالا ئېمىتىۋاتقان ئايالنى ئۆز بوۋىقىدىن ئايرىماقتا، ئىسلام ئۈممىتىگە كەلگەن قاباھەتلىك بۇ كۈن ھەتتا بوۋاقلارنىڭ چاچلىرىنى ئاقارتماقتا! اللە بىلەن قەسەمكى، بۈگۈنكىدەك «مۇسۇلمانلارنىڭ ماتەم كۈنى»دە مەن سىلەر بىلەن خۇددى مېكىيان چۈجىلىرى بىلەن قەپەس ئىچىدە خاتىرجەم ياشىغىنىدەك راھەت ھاياتقا تاقەت كەلتۈرەلمەيمەن. مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبلىرى ئاچچىق پىغاندا كۆيۈۋاتقان پەيتتە، قەلبىم ئۆلۈك ھالەتتە بىر چەتتە قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرالمايمەن. ئازراق ۋىجدانى ۋە ئەخلاقى بار كىشى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىغا ئېچىنىدىغان بۇ كۈندە، مەن قانداقمۇ سىلەر بىلەن ئۇزۇن ۋاقىت بىللە بولۇشقا رازى بولاي!؟ سىلەر بىلەن تاتلىق - تۈرۈم، مەززىلىك تاماق، گۆش - كاۋاپلار ئىچىدە ياشىشىمغا ۋىجدانىم يول قويمايدۇ. مەن پۈتكۈل ھاياتىمدا ئېسىل كىيىم - كېچەك، مەززىلىك تائام، يۇمشاق كۆرپىلەردىن

ئىبارەت راھەت تۇرمۇشلارنى پۈتۈنلەي تەرك ئەتكەنمەن. مەن كۆچۈمنىڭ يېتىشچە سىلەرنى زاھىدلىق ماقامىغا كۆتۈرۈشكە، راھەتپەرەسلەر ئازگىلىدىن يىراقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇندۇم.

مەن سىلەرگە سەلەفلەرنىڭ ئەقىدىسىنى، قۇرئان كەرىمنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرۇش ۋە يادلاشنى، تىلنى ساقلاشنى، قىيامدا تۇرۇش، روزا تۇتۇش، ياخشى كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش ۋە ئىسلام ھەرىكەتلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشنى ۋەسىيەت قىلىمەن. شۇ نەرسە ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، ھەرىكەت ئەمىرىنىڭ سىلەرنى جىھادتىن توسقۇدەك ياكى ھەقىقىي ئەركەكلەر مەيداندىن ۋە جەڭ مەيدانلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇپ دەۋەت قىلىشنى سىلەرگە زىننەتلەپ كۆرسەتكۈدەك دەرىجىدە ھوقۇقى يوق. اللّٰه يولىدىكى جىھادتىن قېلىشقا ھېچكىمدىن ئىزنى سورىماڭلار.

ئى ئوغۇللىرىم! سىلەرنى ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشقا، ئاچىلىرىڭلارغا مۇلايىم ۋە مېھرىبان بولۇشقا، ئاكاڭلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھۆرمەتلەشكە، ئۆزئارا مېھىر - مۇھەببەتلىك بولۇشقا، چوڭ دادا ۋە چوڭ ئانىلىرىڭلارغا ياخشىلىق قىلىشقا، ئۇلارنى كۆپ ھۆرمەتلەشكە ۋە ھاممىلىرىڭلارغا كۆپ ياخشىلىق قىلىشقا ھەمدە مەنپەئەتلىك ئىلىم ئېلىشقا ۋەسىيەت قىلىمەن.

وسبحانك اللهم وبحمدك أشهد أن لا إله إلا أنت أستغفرك وأتوب إليك.

ھىجرىيە 1406- يىلى شەئبانىنىڭ 13- كۈنى

مىلادىيە 1986- يىلى 4- ئاينىڭ 23- كۈنى

ئابدۇللاھ ئىبنى يۇسۇپ ئەززام

